# «بۇرۇن ماركسىزم - لېنىنىزم دىنى باسقان، ئەمدى دىن ماركسىزم - لېنىنىزمنى بېسىپ چۈشۈشى كېرەك» دېگەن سەپسەتىگە رەددىيە

ليۇ جۇڭكاڭ

بۇ يىل 4 - ئايدا، ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىدىكى ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى ئاغدۇرۇشنى، خەلق ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇشنى، شىنجاڭنى ۋەتەندىن بۆلۈپ چىقىشنى مەقسەت قىلغان ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ قىلدى. ئۇلار توپىلاڭنىڭ ئالدىدا ۋە توپىلاڭ جەريانىدا، بىرمۇنچە ئەكسىيەتچىل سىياسىي شوئارلارنى توقۇپ چىقىپ، نۇرغۇن ئەكسىلئىنقىلابىي سەپسەتىنى تارقاتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ بىمەنە، ئەڭ زەھەرلىك بىر شوئار ئۇلار كاپشىغان قانداقتۇر «بۇرۇن ماركسىزم - لېنىنىزم دىنى باسقان، ئەمدى دىن ماركسىزم - لېنىنىزمنى بېسىپ چۈشۈشى كېرەك» دېگەندىن ئىبارەت. بىز بۇ قېتىمقى توپىلاڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى پاش قىلىش ۋە تەنقىد قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ بۇ شوئارىنىڭ بىمەنىلىكىنى نەزەرىيە ۋە پاكىت جەھەتتىن ئېچىپ تاشلىشىمىز كېرەك.

(1)

دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدىمۇ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىمۇ ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى دۆلىتىمىزنىڭ ۋە ئۇنىڭ مىللىي ئاپتونومىيە جايلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قاتارلىق تۈرلۈك ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى يېتەكچى ئىدىيە ئىكەنلىكى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ دىنىي سىياسىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر خىل سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىشىدىكى نەزەرىيىۋى ئاساس ئىكەنلىكىنى بەلگىلىگەن. دېمەك، «بۇرۇن ماركسىزم - لېنىنىزم دىنى باستان، ئەمدى دىن ماركسىزم - لېنىنىزمنى بېسىپ چۈشۈشى كېرەك» دېگەن بىمەنە سۆزگە رەددىيە بېرىش ئۈچۈن، ئالدى

بىلەن ماركسىزم ـ لېنىنىزم ۋە دىنىنىڭ ئېلىمىزدىكى ئورنىنى ۋە ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىنى ئېنىق پەرق ئېتىش لازىم. ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى دۆلىتىمىزنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى، دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ تۈپ ـ نىگىزى سۈپىتىدە، ئېلىمىزنىڭ ھەر قانداق بىر پۇقراسى، مەيلى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغىنى بولسۇن ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغىنى بولسۇن، ئوخشاشلا قوغدىشى لازىمكى، قارشى تۇرۇشقا بولمايدۇ، بەلكى ئۇنى زور كۈچ بىلەن، قەتئىي بوشاشماستىن تەشۋىق قىلىشىمىز لازىم. لېكىن شەخسلەر ئۇنىڭغا بىر خىل ئىدىيە سۈپىتىدە ئېتىقاد قىلسۇن ـ قىلمىسۇن، دۆلەت ھەرگىز مەجبۇر قىلمايدۇ. دىنىي ئېتىقاد ئېلىمىزدە پۈتۈنلەي شەخسنىڭ خۇسۇسىي ئىشى، ھەر قانداق پۇقرا قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئەمەل قىلسىلا، دۆلەت ئۇلارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ـ قىلماسلىقىنىمۇ، قانداق دىنغا ئېتىقاد قىلىشى ۋە دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىنىمۇ ئارىلاشمايدۇ. ماركسىزم ـ لېنىنىزم بىلەن دىنىنىڭ ئېلىمىزدىكى بۇ خىل ئورنى شەخسلەرنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ـ قىلماسلىقى ۋە دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىدا پارتىيە ۋە دۆلەت ماركسىزمنىڭ دىن قارىشىغا ئاساسەن تۈزۈپ چىققان دىنىي سىياسەت ئۆلچىمىگە رىئايە قىلىشىنى، قانۇننىڭ چەكلىمىسىنى قوبۇل قىلىشىنى بەلگىلىگەن. پۈتۈنلەي شەخسنىڭ خۇسۇسىي ئىشى بولغان دىن ۋە دىنىي پائالىيەت دۆلەت ئىشلىرىغا ۋە ھەر قانداق پۇقرانىڭ دېموكراتىك، ئەركىنلىك ھوقۇقىغا ئارىلىشالمايدۇ، بۇ خىل ئۆلچەم ۋە چەكلىمىنىڭ بەلگىلىنىشى ھەرگىز «ماركسىزم ـ لېنىنىزم دىننى باسقان» لىق مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى دىنىي

بولۇشىمىز لازىم. بىز چوقۇم بايرىقىمىز روشەن ھالدا پانئىسلامىزمغا ۋە پانتۈركىزمگە قارشى تۇرىشىمىز، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشىمىز، دىنىي تونىغا ئورۇنىۋېلىپ، «غازات» نى، دىنىي ئەسەبىيلىكنى تەرغىپ قىلىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلايدىغان قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرگە ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پارتىيىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، كەڭ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار ۋە ھەر مىللەت دىندارلىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، ھەممە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم.

ئېتىقاد ۋە دىنىي پائالىيەت دۆلەتنىڭ سىياسەت، قانۇنلىرىغا رىئايە قىلىش مەسىلىسىدىن ئىبارەت. مەسىلىنى مۇشۇنداق بۇرمىلاپ «ماركسىزم-لېنىنىزم دىنىي باستى» دېيىش، يامان غەرەزدىن باشقا نەرسە ئەمەس، بۇنى تەل - تۆكۈس پاش قىلىش ۋە تەنقىد قىلىش لازىم.

(2)

دۇنيا قاراش جەھەتتىن ئالغاندا، ماركسىزمچە دېئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم بىلەن دىندىن ئىبارەت ئىدېئالىزم تۈپتىن قارىمۇ قارشى. چۈنكى ئالدىنقىسى پەننى ئاساس قىلىدۇ، كېيىنكىسى بولسا پەننى كەم-سىتىدىغان، ئىنكار قىلىدىغان ئېتىقادچىلىق؛ ئالدىنقىسى ئىنقىلاب ۋە ئىلمىي (پەننىي) پوزىتسىيە بىلەن دۇنيانى ئۆزگەرتىپ، ئىجتىمائىي زىددىيەتنى ھەل قىلىشنى قۇۋۋەتلەيدۇ، كېيىنكىسى دۇنياۋى كىشىلىك تۇرمۇشقا تەقدىرچىلىك پوزىتسىيىنى قوللىنىپ، ئۈمىدنى خىيالىي «ئاخىرەت» كە بېغىشلاپ، «ئىلاھىي» دۇنيادىن تەسەللىي ۋە ئامانلىق ئىزدەيدۇ.

ماركسىزم - لېنىنىزمچىلار تارىخىي ماتېرىيالىزمچى بولۇپ، ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت ئىجتىمائىي ئاڭنى بەلگىلەيدۇ، دېگەن نۇقتىئىنەزەردە چىڭ تۇرىدۇ. شۇڭا، ماركسىزم - لېنىنىزمچىلار گەرچە ئاتېئىزمچىلار بولسىمۇ، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنىڭ تارىخىي مەنبەسى بار، بۇ مەنبە يوقالمايدىكەن، دىنىنىڭ ئۈزۈل - كېسىل يوقىلىشى مۇمكىن ئەمەس، دەپ قارايدۇ. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە، يەنە مەلۇم دائىرىدە سىنىپىي كۈ-رەش مەۋجۇت؛ كىشىلەر تەبىئەت كۈچلىرىنى تېخى تولۇق چۈشىنىپ، ئىزگىنلەپ كېتەلمەيدۇ؛ كەڭ خەلق ئاممىسى ئىچىدە ئاتېئىزم تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىش، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت توغرىسىدىكى پەننىي بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇرۇشمۇ خېلى ئۇزۇن بىر تارىخىي جەريان؛ دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۇزۇ-زۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ، دىنىي ئېتىقادنىڭ مىليونلىغان ئامما ئىچىدە يەنە چوڭقۇر تەسىرى بار. مانا بۇ خىل ئەھۋال دىنىنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا يوقىلىشىنىڭ يىراق كەلگۈسىدىكى ئىش ئىكەنلىكىنى بەلگىلىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ماركسىزم - لېنىنىزم دىنىنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولۇشىنىڭ كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. مۇشۇنداق پاكىت ئالدىدا، ماركسىزم - لېنىنىزمچىلار ئەزەلدىن

دىنىنىڭ دۆلەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغىمۇ، دىنىي مەمۇرىي ۋاستە بىلەن يوقىتىشقىمۇ قارشى تۇرۇپ كەلگەن. سوتسىيالىزم شارائىتىدا، دىنىي ئېتىقاد خەلق ئىچىدىكى ئىدىيىۋى تونۇش مەسىلىسىگە مەنسۇپ. يولداش ماۋزېدۇڭ مۇنداق دېگەن: «خەلق ئىچىدىكى ئىدىيە مەسىلىسىنى، ھەق-ناھەق مەسىلىسىنى مەمۇرىي بۇيرۇق ئۇسۇلى بىلەن، زورلاش ئۇسۇلى بىلەن ھەل قىلىشقا ئۇرۇنۇش ئۈنۈملۈك بولمايلا قالماستىن، بەلكى زىيانلىق. دىنىي مەمۇرىي بۇيرۇق بىلەن يوقىتالمايمىز، كىشىلەرنى دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىققا زورلىيالمايمىز. ........ ئىدىيە خاراكتېرىنى ئالغانلىكى مەسىلىلەرنى، ........ زورلاش، بېسىم ئىشلىتىش ئۇسۇلى بىلەن ھەل قىلغىلى بولمايدۇ» («ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 5-توم 677-بەت). دېمەك، ماركسىزم-لېنىنىزم دىنغا ئەزەلدىن ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى قۇۋۋەتلەپ كەلگەن.

بىرىنچى، دىن ئىدېئالىزملىق ئىدېئولوگىيە سۈپىتىدە، سىنىپىي جەمئىيەتتە دائىم ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن سۇيىئىستېمال قىلىنىپ، ئىنتايىن پاسسىپ (سەلبىي) رول ئويناپ كەلگەن. شۇڭا، ئىنقىلابىي ئۇستازلار ئۇنىڭغا ئىزچىل تەنقىدىي پوزىتسىيە قوللانغان. لېكىن ئۇلار شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دىننىڭ بىر خىل پاسسىپ رولى ئۇنىڭ ئۆزىدىكى سەۋەبلەردىن باشقا، يەنە ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار دىننىڭ ماھىيىتى ۋە رولىنى كۆرسىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھامان تەنقىدىنىڭ تىغ ئۇچىنى ئاساسلىقى دىنغا ئەمەس، ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىگە قارىتىدۇ. ئىككىنچى، ئۇلار يەنە پرولېتارىيات بىلەن ئېزىلگۈچى خەلقلەرنىڭ سىياسىي مەنپەئەت جەھەتتىكى بىردەكلىكى ئىدىيىۋى ئېتىقاد جەھەتتىكى پەرققە قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىم دەپ ھېسابلايدۇ. لېنىن 1905-يىلى ئەمگەكچىلەر ئارىسىدا «دىنغا ئېتىقاد قىلىش-قىلماسلىق» بويىچە چەك-چېگرا ئايرىماسلىق لازىملىقىنى كۆرسىتىپ: «مېنىڭچە، ئېزىلگۈچى سىنىپلارنىڭ كىشىلىك ئالەمدە جەننەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان بۇ خىل ھەقىقىي ئىنقىلابىي كۈرىشى پرولېتارلارنىڭ جەننەت توغرىسىدىكى پىكرىنىڭ بىردەكلىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىم» دېگەن («لېنىن ئەسەرلىرى» 1-نەشرى، 10-توم، خەنزۇچە 65-بەت). دېمەك، لېنىن ئەينى ۋاقىتتا بەزى بۇرژۇئا گۇرۇھلىرىنىڭ دىنغا قارشى ھەرىكەت قوزغاش سۇيىقەستىگە قەتئىي قارشى تۇرغان. يولداش جۇئېنلەيمۇ بۇ ئىدىيىنى كۆپ قېتىم شەرھلىگەن، ئۇ مۇنداق دېگەن: «بىز ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈپ، سوتسىيالىزم

ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىنى شۇنىڭدەك تىرىشىپ ئۆگىنىشىنىلا ئۈمىت قىلىمىز. بۇنىڭدا، ئۇلاردا ئىدىيە جەھەتتە دىنىي ئېتىقادمۇ بولىدۇ، بۇ پۈتكۈل خەلق دېموكراتىيە بىرلىك سەپىمىزنىڭ كېڭىيىشى ۋە ئىتتىپاقلىقىغا دەخلى قىلمايدۇ، ۋە ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىغا توسقۇنلۇق قىلمايدۇ» («جۇئېنلەي تاللانما ئەسەرلىرى» 2 - توم، خەنزۇچە 401 - بەت). ئۈچىنچى، ھاكىمىيەت بىلەن دىننى ئايرىش سوتسىيالىستىك دۆلەت چىڭ تۇرۇپ كەلگەن تۈپ پرىنسىپ. دىنىي ئېتىقاد ئىدىيىۋى ئېتىقاد سۈپىتىدە، دۆلەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا خۇسۇسىي ئىش بولۇپ، دۆلەت ئۇنىڭغا ئارىلاشمايدۇ، لېكىن دىنمۇ دۆلەتنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدۇ. لېنىن «سوتسىيالىزم ۋە دىن» دېگەن پروگرامما خاراك- تېرلىك ئەسىرىدە: «دۆلەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، دىننىڭ خۇسۇسىي ئىش بولۇشىنى تەلەپ قىلىمىز، ........ دۆلەت دىن بىلەن مۇناسىۋەت قىلماسلىقى كېرەك، دىنىي تەشكىلات دۆلەت ھاكىمىيىتى بىلەن ئالاقە قىلماسلىقى كېرەك» دېگەن. ئىنقىلابىي ئۇستازلارنىڭ دىن توغرىسىدىكى يۇقىرىدا ئېيتىلغان قاراشلى- رى بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ قارىشى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ دىنغا تۇتقان ئىلمىي پوزىتسىيىسىنى دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلاردىن كۆپلىرى قو- بۇل قىلىدۇ. دېمەك، «ماركسىزم - لېنىنىزم دىننى باستان» دېگەن سۆز پۈتۈنلەي بىمەنە سەپسەتىدىن ئىبارەت.

يۇقىرىدا ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ دىننى ياسىمايدىغانلىقىنى، بەلكى دىننىڭ سوتسىيالىزم شارائىتىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى نەزەرىيە جەھەتتىن بايان قىلدۇق، ئەمەلىيەتتە، جۇڭگو كومپارتىيىسى دۇنياغا كەلگەن كۈن- دىن باشلاپ تا ھازىرقى ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە بولغىچە، باشتىن ئاخىر ئىنقىلابىي ئۇستازلارنىڭ دىن توغرىسىدىكى ئىلمىي بايانلىرىغا ئەمەل قىلىپ، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى ئىزچىل قۇۋۋەتلەپ كەلگەن ھەم ئۇنى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ بىر خىل تۈپ سىياسىتى قىلىپ كەلگەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەنە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى ئايرىم ھالدا بىر نەچچە قېتىملىق ئاساسىي قانۇنغا ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىغا كىرگۈزۈپ، ئۇنى قانۇنىي شەكىل بىلەن مۇئەييەنلەشتۈردى. 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ [1982] 19 - نومۇرلۇق ھۆججىتى دىنىي سىياسەت مۇكەممەللەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ كونكرېت نامايەندىسى. ھۆججەتتە: «دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى ھۆرمەتلەش ۋە

مۇھاپىزەت قىلىش پارتىيىنىڭ دىنىي مەسىلىگە قاراتقان تۈپ سىياسىتى، بۇ ئۇزۇن مۇددەتلىك سىياسەت بولۇپ، كەلگۈسىدە دىن تەبىئىي يوقالغانغا قەدەر داۋاملىق ئىجرا قىلىنىدىغان سىياسەت» دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەن. ئۇنىڭدا «دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى» نىڭ مەزمۇنى ئەتراپلىق شەرھىلىنىپ، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى دېگىنىمىز: «ھەر بىر پۇقرانىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ، دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىمۇ بولىدۇ؛ بۇخىل دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ، ئۇ خىل دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ بولىدۇ؛ ئوخشاش بىر دىن ئىچىدە، بۇ مەزھەپكە ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ، ئۇ مەزھەپكە ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ بولىدۇ؛ دىنغا بۇرۇن ئېتىقاد قىلمىغان بولسا، ئەمدى ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ، بۇرۇن ئېتىقاد قىلغان بولسا، ئەمدى ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىمۇ بولىدۇ» دېگەندىن ئىبارەت دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇنىڭ يادروسى ھەر قانداق ئادەمنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ۋە ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكى بولىدىغانلىقىدۇر. بۇنىڭ ئىككىلىسى ھۆرمەتلىنىدۇ ۋە مۇھاپىزەت قىلىنىدۇ. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئادەمنى دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىققا زورلايدىغان ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئادەمنى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا زورلايدىغان ھەركەتنىڭ ھەر قاندىقى باشقىلارنىڭ ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە دەخلى - تەرۇز قىلغانلىق بولىدۇ، جۈملىدىن ئۇ ئىنتايىن خاتا ۋە ئۇنىڭغا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ. 19-نومۇرلۇق ھۆججەتتە يەنە ئىلگىرىلەپ، پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ ماھىيىتى دىنىي ئېتىقاد مەسىلىسىنى پۇقرالارنىڭ شەخسەن ئەركىن تاللايدىغان خۇسۇسىي ئىشىغا ئايلاندۇرۇپ، باشقىلارنىڭ ئارىلىشىشىغا يول قويماسلىق، دۆلەتنىڭ ئارىلاشماسلىق، بەلكى مۇھاپىزەت قىلىش، لېكىن دىنىنىڭ دۆلەتنىڭ مەمۇرىي، ئەدلىيە، مائارىپ، نىكاھ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا قەتئىي يول قويماسلىق، بىكار قىلىنغان دىنىي فېئوداللىق ئىمتىيازى ۋە دىنىي زۇلۇم، ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قەتئىي يول قويماسلىق، دىندىن پايدىلىنىپ پارتىيە رەھبەرلىكى ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە قارشى تۇرۇش، دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇشقا قەتئىي يول قويماسلىق ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن، چۈنكى بۇ ھەرىكەتلەر دىنىي ئېتىقاد يولىدىن چىقىپ، قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتكە ئايلانغان. مەسىلەن، بارىن يېزىسىدىكى ئىنتايىن ئاز ساندىكى زوراۋانلارغا ئوخشاشلارغا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ زادىلا دىنغا قارىتىلغان ئەمەس، تەبىئىيكى «دىنىي

بېرىش» ئەمەس، بەلكى قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتكە قارىتىلغان. قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلا بولىدىكەن، مەيلى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاما بولسۇن ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاما بولسۇن، ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ.

ئېلىمىزدە ھازىرقى باسقۇچتا، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاما بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاما ئوتتۇرىسىدا، ئىدىيەۋى ئېتىقاد جەھەتتە پەرق مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ياكى قىلمايدىغان ئامىنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەت جەھەتتىكى بىردەكلىكى ھەممىدىن ئاساس، ھەممىدىن مۇھىم. دۆلەتنىڭ بىرلىكى، خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى، سوتسىيالىزم ئىشلىرى، مەملىكەت ئىچىدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى، ئورتاق راۋاجلىنىشى مۇشۇ بىردەكلىكنىڭ مەر- كەزلىك گەۋدىلىنىشى. مۇبادا مۇشۇ تۈپ - ئاساسىي بىردەكلىكتىن چەتلەپ، دىنغا ئېتىقاد قىلغان - قىلمىغان ياكى قانداق دىنغا ئېتىقاد قىلغانلىق پەرقىنى تەكىتلەش بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلغان ياكى قىلمىغان ئاما، ئوخشاش بولمىغان دىنغا ئېتىقاد قىلغان ئاما كەمسىتىلىدىكەن ۋە ئۇلارغا زەربە بېرىلىدىكەن، ئۇ پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزىدۇ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئايرىملىقنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا زور زىيانلارنى يەتكۈزىدۇ. 19 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە مۇنداق كۆرسىتىلگەن: «دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ۋە ئېتىقاد قىلمايدىغان بارلىق ئامىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئىرادە ۋە كۈچ - قۇۋۋىتىنى زامانىۋىلاشقان سوتسىيالىستىك قۇدرەت- لىك دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت مۇشۇ ئورتاق نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈش بىزنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، بارلىق دىنىي مەسىلىنى بىر ياقلىق قىلىشتىكى تۈپ چىقىش نۇقتىمىز ۋە مەقسىتىمىز. بۇ تۈپ نۇقتىغا خىلاپ ھەر قانداق سۆز ۋە ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى خاتا، ھەممىسى پارتىيە ۋە خەلقنىڭ قەتئىي چەكلىشى ۋە قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىشى كېرەك». بارىدىن يېزىسىدىكى ئىنتايىن ئازسانلىق مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ قانداقتۇر «بۇرۇن ماركسىزم - لېنىنىزم دىننى باسقان، ئەمدى دىن ماركسىزم - لېنىنىزمنى بېسىپ چۈشۈشى كېرەك» دەپ كايىشقانلىقى ھەر مىللەت خەلقنىڭ تۈپ - ئاساسىي جەھەتتىكى بىردەك مەنپەئەتىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، كىشىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى پەرقىدىن پايدىلىنىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىش - قىل- ماسلىق ۋە قانداق دىنغا ئېتىقاد قىلىشنى مۇھىم ئورۇنغا كۆتۈرۈپ، ماجرا تۇغدۇ- رۇپ، بەزى ئادەملەردە دىنىي ئەسەبىيلىك قوزغاپ، پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا،

ماركسىزم - لېنىنىزمغا، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىگە قارشى تۇرۇشقا ئورۇنۇشتىن ئىبارەت. بىزنىڭ ماركسىزم - لېنىنىزمنى يېتەكچى ئىدىيە قىلىپ، ئۇنىڭ ئېلىمىزدىكى نوپۇزىنى قوغدىشىمىز، بىر قانچە ئون يىللىق ئەمەلىيەتتىن چىقىرىلغان يەكۈن. بۇرۇن بىز «ئۈچ چوڭ تاغ» نى ئاغدۇرۇپ، ئۇلۇغ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇشتا ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ يېتەكچىلىكىگە تايانغان. ھازىر بىز نوپۇسى مۇشۇنداق كۆپ، زېمىنى مۇشۇنداق كەڭ، ئەھۋالى چوڭ پەرق قىلىدىغان، ئومۇمەن ئالغاندا، نامرات، قالاق قىياپىتى تېخى تۈپتىن ئۆزگەرتىلمىگەن ئەلدە، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچىمىز، بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ماركسىزم- لېنىنىزمنىڭ نەزەرىيىۋى يېتەكچىلىكىگە تېخىمۇ مۇھتاجمىز. بىز ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى قوغداش ۋە كۈچەيتىش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا، يەنىلا ماركسىزم - لېنىنىزمغا تايىنىمىز. شۇڭا، ماركسىزم - لېنىنىزمدا چىڭ تۇرۇش ئېلىمىزدىكى دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ۋە ئېتىقاد قىلىدىغان ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئورتاق تۈپ مەنپەئەتىگە مەركەزلىك ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ تۈپ مەنپەئەتنى قوغداشنىڭ دىن بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق تۇرسا، قانداقمۇ «ماركسىزم - لېنىنىزم دىننى باسقان» دېگىلى بولسۇن.

ئازادلىقتىن كېيىن، ئىجتىمائىي ئىگىلىك تۈزۈمىنىڭ چوڭقۇر ئۆزگەرتىلىشى سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە دىنىي تۈزۈمنىڭ زور دەرىجىدە ئىسلاھ قىلىنىشى بىلەن، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئېلىمىزنىڭ دىنىي ئەھۋالىدا، ئازادلىقتىن ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا، تۈپ ئۆزگىرىشلەر بولدى. بۇ ئۆزگىرىشلەر شۇنىڭدىن ئىبارەتكى:

(1) ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيەچى سىنىپلارنىڭ يوقىتىلىشىغا ئەگىشىپ، دىن بىلەن ھاكىمىيەت ئەل - تۈكۈس ئايرىلدى، دىنىي ئېتىقاد پۈتۈنلەي پۇقرالارنىڭ خۇسۇسىي ئىشىغا ئايلاندى. (2) دىنىنىڭ ئىقتىسادىي ئېكسپىلاتاتسىيىسى ۋە ئىمتىيازلىرى پۈتۈنلەي بىكار قىلىندى. (3) دىنىي تەشكىلاتلار فېئوداللىق ھۆكۈمران سىنىپى ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ كونتروللۇقى ۋە سۇيىئىستېمال قىلىشىدىن تۈپتىن قۇتۇلۇپ، دىندارلار مەخسۇس دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاممىۋى خاراكتېرلىك تەشكىلاتقا ئايلاندى. (4) ئوخشاش بولمىغان دىن ۋە دىنىي مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدا بىر نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن ئۆز ئارا كەمسىتىش ۋە ھۇجۇم قىلىش ئەھۋالى ئۆزگەرتىلدى، ئوخشاش

بولمىغان دىن ۋە دىنىي مەزھەپكە ئېتىقاد قىلىدىغان دىندارلار ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقى ئاستىدا بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ئېتىقاد جەھەتتە ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىشىدىغان بولىدى. <5> يۇقىرىدىكى تۆرلۈك ئۆزگىرىشلەر نەتىجىسىدە، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىدىيە جەھەتلەردە ئازاد بولۇپ، ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش پائالىيەتلىرىگە شاد - خۇراملىق بىلەن قاتنىشىدىغان بولدى. بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى ۋە بولىۋاتىدۇ. <6> ھەر مىللەتتىن بولغان دىنىي زاتلار كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى ۋەتەنپەرۋەر بىرلىكسەپنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى. ئۇلار جاھانگىرلارنىڭ دىننى سۇيىئىستېمال قىلىشىغا قارشى تۇرۇش، ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ دىنىي سىياسەتنى ئىزچىللاشتۇرۇش، سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا قاتنىشىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش جەھەتلەردە نۇرغۇن پايدىلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئۇلاردىن زور كۆپچىلىكى ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدۇ، پارتىيە رەھبەرلىكىنى ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ھىمايە قىلىدۇ.

شىنجاڭ ئازسانلىق مىللەت رايونى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما زور نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن، دىنىي ئەھۋالدا پۈتۈن مەملىكەتتىكىگە ئوخشاش يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك خۇشاللىنارلىق ئۆزگىرىشلەر بولغاندىن سىرت، ئۆزىگە خاس بەزى ئالاھىدىلىكلەرمۇ بار. شىنجاڭدا ئون مىللەت ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ نورمال دىنىي پائالىيىتىنى ھۆرمەتلەش ۋە مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن مەسچىت ئىسلاھاتتىن ئىلگىرىكى 16 مىڭدىن ھازىرقى 21 مىڭغا كۆپەيتىلدى. باشقا دىنلارنىڭ، مەسىلەن، بۇددا دىنى (لاما دىنى) نىڭ 36 ئىبادەتخانىسى بار؛ خرىستىيان دىنى، كاتولىك دىنى، پراۋوسلاۋ دىنلىرىنىڭمۇ ئۆزلىرىگە مۇناسىپ چېركاۋىسى ۋە يىغىلىش نۇقتىلىرى بار، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى كەڭ ئاممىنىڭ نورمال دىنىي تۇرمۇش ئۆتكۈزۈش ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇلدى. ئىسلام دىنىنى ئالغاندا، ئىمامدىن يۇقىرى دىنىي زاتلار 26 مىڭدىن ئېشىپ، دىنىي پائالىيەتنىڭ رىياسەتچىلىكى تەمىن ئېتىلدى. 1982 - يىلدىن 1989 - يىلغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە مۇسۇلمانلاردىن مەككىگە بېرىپ ھەج قىلغانلار 8000 دىن ئاشتى. بۇ يىل 2 - ئايدا ئېلىنغان سانلىق مەلۇماتتىن قارىغاندا، ئاپتونوم رايونلۇق ۋە ھەر قايسى ئوبلاست، شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى پۈتۈنلەي قۇرۇلۇپ بولغان؛ ناھىيىلىك

جەمئىيەتتىن 22 سى قۇرۇلغان. ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى 1400 دىن ئاشقان. ئاپتونوم رايونلۇق ۋە ئوبلاست، شەھەرلىك بۇددا دىنى جەمئىيىتى تۆت بولۇپ، لامىلىرى 77 نەپەر. ھازىرغا قەدەر تەخمىنەن 2700 دىن ئارتۇق ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي كومىتېتى، سىياسىي كېڭەش ۋە دىنىي تەشكىلاتلاردا ۋەزىپە ئۆتەۋاتىدۇ، بۇلار ئاپتونوم رايون بويىچە دىنىي كەسىپ خادىملىرىنىڭ تەخمىنەن 10% تىنى ئىگىلەيدۇ. 1989 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تۇرمۇش ياردەم پۇلى ئالغان ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات 4200 دىن ئېشىپ، دۆلەتتىن 2 مىليون 700 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل بېرىلگەن.

ئەلۋەتتە، شۇنىمۇ ئەيىبەن ئېتىراپ قىلىشقا تېگىشلىككى، مەلۇم مەزگىلدە سول ئىدىيىنىڭ تەسىرىدە، بولۇپمۇ لىن بياۋ، تۆت كىشىلىك گۇرۇھتىن ئىبارەت ئىككى ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچراش تۈپەيلىدىن پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى ۋە نورمال دىنىي پائالىيەتلەر ئاياق ئاستى قىلىندى. لېكىن يەنە شۇنىمۇ ئەيىبەن ئېتىراپ قىلىش لازىمكى، بۇ خىل بۇزغۇنچىلىق مەخسۇس دىنغا قارىتىلغان ئەمەس، بەلكى دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان بولۇپ، بۇنىڭ «دىننى يېمىرىش» بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى قالايمىقانچىلىقنى تۈگىتىش جەريانىدا، ئاشۇ بىر مەزگىلدە دىنىي سىياسەت ۋە دىنىي پائالىيەتكە قىلىنغان بۇزغۇنچىلىقمۇ تۈزۈل- كېسەل تۈزىتىلىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىنىڭ دىنىي پائالىيىتىنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشى تەمىن ئېتىلدى.

بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۆتمۈشتىكى سىنىپىي جەمئىيەتتە دىنىي تەشكىلاتلار ئىچكى - تاشقى ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ كونتروللۇقىدا ئىدى؛ فېئودال ھۆكۈمرانلار مەلۇم بىر دىننى ياكى ئۇنىڭ مەزھىپىنى يۆلەش ئارقىلىق باشقا دىن ياكى ئۇنىڭ مەزھىپىنى چەكلەپ، زەربە بېرەتتى، ھەتتا يوقىتىۋېتەتتى؛ ئۇنىڭ مۇخلىسلىرىغا زىيانكەشلىك قىلاتتى؛ دىندار خەلقلەر فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيىگە ئۇچراش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە دىنىي ئېكسپلاتاتسىيىگە ئۇچرايتتى. مۇشۇ ئەھۋاللار كىمنىڭ دىننى باستۇرغان، كىمنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەتنى ھۆرمەتلەيدىغان ۋە مۇھاپىزەت قىلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلدۈرمەمدۇ؟

يۇقىرىقى پاكىتلار شۇنى تولۇق نامايەن قىلىدۇكى، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھ-

بەرلىكىدىكى سوتسىيالىستىك يېڭى جۇڭگودىلا ھەرمىللەت خەلقى مىسلى كۆرۈلمىگەن دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىدىن بەھرىمەن بولغان. بۇ پاكىتلار «بۇرۇن ماركسىزم-لېنىنىزم دىنىنى باسقان» دېگەن سەپسەتىنىڭ سىرىنى كۈچلۈك ئېچىپ تاشلايدۇ.

(3)

بارلىق يېزىدىكى بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەر «ئەمدى دىن ماركسىزم - لېنىنىزمنى بېسىپ چۈشۈشى كېرەك» دەپ كاپىشىغان. دىن زادى ماركسىزم - لېنىنىزمنى بېسىپ چۈشەلەمدۇ؟ بىز دىن بىلەن ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ ماھىيىتىنى سېلىشتۇرساقلا، بۇ خىل كاپىشىشنىڭ غالجىر ئىتنىڭ ھۇلىشىلا ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشىمىز تەس ئەمەس.

دىننىڭ ماھىيىتى نېمە؟ ماركس: «دىن — ئاستىن - ئۈستۈن قىلىنغان دۇنيا قاراش» دېگەن. ئېنگېلس: «بارلىق دىن كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان تاشقى كۈچلەرنىڭ كىشىلەر مېڭىسىدىكى خىيالىي ئىنكاسىدىن ئىبارەت» دېگەن. مانا بۇ دىننىڭ بىر خىل ئىدىئولوگىيە سۈپىتىدە، ماھىيەت جەھەتتىن رېئال دۇنيانىڭ خىيالىي شەكىل بىلەن بۇرمىلانغان ئىنكاسىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ئېچىپ بەرگەن. ئوخشاش بولمىغان دىنلارنىڭ ئۆزىگە خاس دىنىي ئەقىدە، رەسىم - قائىدە، تەشكىللىرى بولسىمۇ، لېكىن ھەممىسىلا رېئال دۇنيانىڭ خىيالىي شەكىلدە بۇرمىلانغان ئىنكاسى، بۇ ھەر قانداق دىن ئۈچۈن ئورتاق. شۇڭا، ماھىيەت جەھەتتىن ئالغاندا، دىن ئەقلىي ئەمەس، ئىلمىي ئەمەس.

ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرى جەھەتتىن ئالغاندا، دىن ئېتىقادچىلىققا مەنسۇپ. بۇ خىل ئېتىقاد ھامان مەلۇم خىيالىي، تەبىئەتتىن تاشقىرى سىرلىق مەنزىل ۋە سىرلىق كۈچكە قارىغۇلارچە چوقۇنۇش ئاساسىغا تىكلىنىدۇ. كىشىلەر بۇ خىل سىرلىق مەنزىل ۋە سىرلىق كۈچكە باش قويىدىكەن، مۇقەررەر ھالدا ئادەمنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنى كەمسىتىپ، ئاتالمىش «جەننەت»، «ئاخىرەت»، «بەخت - سائادەت»نىڭ كويىدا بولۇشنى كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ نىشانى ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن رېئال بەخت - سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى كۈرەشنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ ھەتتا ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىدۇ، ھەممىدە «تەقدىرگە تەن بېرىدۇ». دىننىڭ ئىجتىمائىي رولى خۇددى لېنىن ئېيتقاندەك، «دىن — خەلقنى زەھەرلىگۈچى ئەپيۇن» («لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى»

2 ـ نەشرى، 2 ـ توم، 375 ـ بەت، خەنزۇچە). لېكىن دىننىڭ پاسسىپ رولىغا قارىتا،
ئېتىقادچىلار ئاق مەركىمۇشقا مۇئامىلە قىلغاندەك ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇر-
مايدۇ، بەلكى ئۇنى ئۆز رازىلىقى بىلەن قوبۇل قىلىدۇ، تېتىپ باقىدۇ، تويىمايلا
ئاستا خاراكتېردە زەھەرلىنىدۇ. بۇ، دىننىڭ زەھەرلىك ۋە زىيانلىقلىقى
غايەت زور ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

دىن ئۇزۇن تەرەققىيات تارىخىغا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئىنسانىيەت
تارىخى جەريانىدا، دىن بەرىبىر قىسقا ۋاقىتلىق ھادىسە ھېسابلىنىدۇ.
ھازىرقى دۇنيا بويىچە ئۈچ چوڭ دىننى ئالغاندا، بۇددا دىنىنىڭ تارىخى
ھەممىدىن ئۇزۇن بولسىمۇ، يەنىلا ئىككى مىڭ تۆت ـ بەش يۈز يىلدىن ئاشماي-
دۇ، خرىستىيان دىنىنىڭ تارىخى ئىككى مىڭ يىلغا يەتمەيدۇ، ئىسلام دىنىنىڭ
بىر مىڭ ئىككى يۈز قانچە يىلدىن ئاشمايدۇ. ئەڭ بۇرۇن پەيدا بولغان ئىپتى-
دائىي دىنمۇ، ئارخېئولوگىيە ۋە ئانتروپولوگىيە ساھەسىدىكى تەتقىقات نەتى-
جىلىرىنىڭ نامايەن قىلىشىدىن قارىغاندا، كۆپ دېگەندە بىر يۈز قانچە مىڭ
يىللىق تارىخقا ئىگە، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى بولسا بىر نەچچە مىليون يىللىق
تارىخقا ئىگە. دېمەك، دىننىڭ تارىخى ئىنسانىيەت تارىخىغا قارىغاندا كۆپ
قىسقا. ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ كەلگۈسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا،
دىن قاچانلا بولمىسۇن يوقىلىدۇ، ئىنسانىيەت تارىخى بولسا پۈتمەس ـ
تۈگىمەس، چۈنكى دىن مەلۇم ئىجتىمائىي ـ تارىخىي شارائىتتا مەۋجۇت بولۇپ
تۇرىدۇ، دۇنيا مىقياسىدا ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنىڭ بىكار قىلىنىشى، ئىشلەپچى-
قىرىش كۈچلىرىنىڭ زور دەرىجىدە راۋاجلىنىشى، ئىنسانلارنىڭ پەن، مەدەنىيەت
ۋە ئىدىيىسىنىڭ زور دەرىجىدە يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەر تەبىئەت ۋە
جەمئىيەت قانۇنىيەتلىرىنى تولۇق چۈشىنىپ ـ بىلىپ، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى
باشقۇرالايدىغان بولۇپ، «كۆزلىگەن ئىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنى
تەڭرىدىن كۈتىدىغان» ھالەتنى تۈپتىن ئۆزگەرتىدۇ، كىشىلەر ئۈچۈن ئىلاھ-
دىن ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادەت تىلەشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ. ئۇ چاغدا، دىن
كىشىلەر ئۈچۈن ئارتۇقچە بىر نېمە بولۇپ قالىدۇ ـ دە، مۇقەررەر ھالدا يوقى-
لىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق ئەمەس.

ماركسىزم ماركس ۋە ئېنگېلسنىڭ ئىلمىي نۇقتىئىنەزىرى ۋە تەلىماتى-
نىڭ سىستېمىسى، پرولېتارىيات ۋە ئۇنىڭ سىياسىي پارتىيىسىنىڭ كوممۇنىزملىق
دۇنيا قارىشىنىڭ ئەڭ مۇكەممەل نەزەرىيە فورماتسىيىسى. لېنىنىزم جاھانگىر-

لىك ۋە پرولېتارىيات ئىنقىلابى دەۋرىدىكى ماركسىزم. ماركسىزم-لېنىنىزم دۇنيا پرولېتارىياتى كۈرەش ئەمەلىيىتىنىڭ يەكۈنى، پرولېتارىيات سىنىپىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنىڭ ئىلمىي نامايەندىسى، خۇددى يولداش ماۋزېدۇڭ ئېيتقاندەك: «پۈتۈن دۇنيا پرولېتارىيات سىنىپىنىڭ ئەڭ توغرا، ئەڭ ئىنقىلابىي ئىلمىي ئىدىيىسىنىڭ جەۋھىرى». شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ماركسىزم يەنە گېرمانىيىنىڭ كىلاسسىك پەلسەپىسى، ئەنگلىيىنىڭ كىلاسسىك سىياسىي ئىقتىساد ئىلمى ۋە فرانسىيىنىڭ خىيالىي سوتسىيالىزمىنىڭ ئىلغار ئىدىيە نەتىجىلىرىنى تەنقىدىي قوبۇل قىلغان. ماركسىزمنىڭ ئۈچ چوڭ تەركىبىي قىسمى: دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق پەلسەپە، سىياسىي ئىقتىساد ۋە ئىلمىي سوتسىيالىزمدا تەبىئەت، جەمئىيەتنىڭ ۋە ئىنسانلار تەپەككۇرىنىڭ تەرەققىيات قانۇنلىرى ئىلمىي شەرھلەنگەن؛ كاپىتالىزمنىڭ مۇقەررەر يوقىلىش، سوتسىيالىزم، كوممۇنىزمنىڭ مۇقەررەر غەلىبە قىلىش قانۇنىيەتلىرى ئېچىپ بېرىلگەن؛ پرولېتارىيات ۋە بارلىق ئېزىلگۈچى خەلقنىڭ ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش يوللىرى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. قىسقىچە ئېيتقاندا، ماركسىزم-لېنىنىزم ئىنسانلارنىڭ ئىلغار ئىدىيىسىنىڭ جەۋھىرى.

ماركسىزم دۇنياغا كەلگەندىن بۇيانقى يۈز نەچچە يىل جەريانىدا، دىنىي كۈچ ۋە بارلىق ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ ئۇنىڭغا قارىتا ھۇجۇمى ۋە قارشىلىقى زادىلا توختىمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلمىيلىكى ۋە قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچى، جەڭگىۋار كۈچى بىلەن پۈتۈن دۇنيا پرولېتارلىرى ۋە ئىلغار ئىنسانلارغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ ۋە ئىلھام بېرىپ، داۋاملىق غەلىبە قازىنىپ كەلمەكتە. ماركسىزم ھەقىقەتنى ئاياقلاشتۇرغىنى يوق، بەلكى ئەمەلىي تەرەققىياتقا ئەگىشىپ راۋاجلىنىدۇ. ئۇنىڭ دۇنيا بويىچە ئاخىرقى غەلىبىسىنى ھەر قانداق كۈچ توسالمايدۇ. لېكىن ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ راۋاجلىنىش يولى ھەر قانداق پەن ۋە ئىلغار نەرسىلەرنىڭكىگە ئوخشاش ئەگرى-بۈگرى بولۇپ كەلدى. مەسىلەن، دارۋىننىڭ تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيىسى، كوپېرنىكنىڭ قۇياش مەركەز تەلىماتى دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن، ئوخشاشلا بارلىق قالاق، كونا كۈچلەرنىڭ، ئالدى بىلەن دىنىي كۈچلەرنىڭ جېنىنىڭ بارىچە ھۇجۇم قىلىشى ۋە بېسىمىغا ئۇچرىغان. قۇياش مەركەز تەلىماتىدا چىڭ تۇرغان مەشھۇر ئالىم گالىلېي ۋە برۇنولار دىنىي كۈچلەرنىڭ دەھشەتلىك زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان، برۇنو دىنىي سوت تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنىپ تىرىك كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈلگەن. لېكىن مەيلى تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيىسى بول-

سون ياكى قۇياش مەركەز تەلىماتى بولسۇن، ئۇنىڭ ئىلمىي ھەقىقەت ئىكەنلىكى ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلىنىپ دۇنيا بويىچە ئومۇمىي يۈزلۈك ئېتىراپ قىلىنغان. تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى ۋە قۇياش مەركەز تەلىماتى تەبىئىي پەننىڭ ئايرىم تۈرى جەھەتتىكى كەشپىياتتىنلا ئىبارەت ئىدى، ئەينى ۋاقىتتا دىننى ۋەكىل قىلغان پۈتۈن دۇنيادىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەر ئۇنى ئۇجۇقتۇرالمىغان تۇرسا، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ئىدىيە جەھەتتىكى ئىلغار نەتىجىلىرىنىڭ يىغىندىسى بولغان ماركسىزم - لېنىنىزم توغرىسىدا بارىن يېزىسىدىكى بىر نەچچە بىلىمسىز زوراۋانىنىڭ «دىن ماركسىزم - لېنىنىزمنى بېسىپ چۈشۈشى كېرەك» دەپ داۋراڭ سېلىشى پەقەت چېكىدىن ئاشقان تەلۋىلىك، ئۆزىنى چاغلىمىغانلىق.

‹4›

بارىن يېزىسىدىكى بىر ئوچۇم بۆلگۈنچىلەر ئويدۇرۇپ چىققان ئاتالمىش «بۇرۇن ماركسىزم - لېنىنىزم دىننى باسقان، ئەمدى دىن ماركسىزم - لېنىنىزمنى بېسىپ چۈشۈشى كېرەك» دېگەن ئەكسىيەتچىل شوئارنىڭ ماھىيىتى پارتىيىنىڭ تۆت ئاساسىي پرىنسىپىغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت. ھەممىگە مەلۇمكى، تۆت ئاساسىي پرىنسىپ ئورگانىك بىر پۈتۈن گەۋدە، ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ. شۇڭا، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىگە قارشى تۇرغانلىق سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىغا ۋە پارتىيە رەھبەرلىكىگە قارشى تۇرغانلىق بولىدۇ. سوتسىيالىزم شارائىتىدا، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى مەركەزلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ھەر مىللەتتىن بولغان كەڭ ئىشچىلار، دېھقانلار، زىيالىيلارنىڭ ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئاممىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشەلەيدۇ. جۈملىدىن ئۇ مۇقەررەر ھالدا دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا قارىتا يېتەكچىلىك قىلىش، سەپەرۋەر قىلىش، تەشكىللەش، ئىلگىرى سۈرۈش ۋە كاپالەتلىك قىلىشتەك غايەت زور رولىنى ئۆتەيدۇ. ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرغاندىلا، ئاندىن پارتىيە رەھبەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ غەلىبىلىك ئالغا بېسىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ماركسىزم-لېنىنىزم،

ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ دۆلىتىمىزدىكى مۇتلەق يېتەكچىلىك ئورنىدىن ۋاز كەچكەندە، پارتىيىمىز نەزەرىيىۋى يېتەكچىنى يوقىتىپ قويىدۇ، دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى مۇقەررەر ھالدا يۆنىلىشتىن چەتلەپ كېتىدۇ. ھەر مىللەت خەلقى، جۈملىدىن دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىنىڭ تۈپ مەنپە-ئەتى كاپالەتسىز قالىدۇ، ۋەتىنىمىز قايتا چەك-چېكىدىن پارچىلىنىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالىدۇ. بارىن يېزىسىدىكى بىر ئوچۇم بۆلگۈنچىلەرنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزمغا شۇ قەدەر ئۆچمەنلىك قىلىپ، «ماركسىزم-لېنىنىزمنى بېسىپ چۈشۈش كېرەك» دەپ كاپىشىشتىكى مەقسىتى شۇ ئارقىلىق جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى، سوتسىيالىستىك خەلق جۇمھۇرىيىتىمىزنى ئاغدۇرۇپ، شىنجاڭنى بۆلۈپ چىقىرىپ، ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش، دىن ئۇلارنىڭ ئۆز جىنايى سۈيىقەستىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنۇشتىكى ۋېۋىسكىسىدىنلا ئىبارەت. ئۇلار توپىلاڭدا يەنە «ئىسلامىيەتنى گۈللەندۈرەيلى» دەپ ۋالاقشىغان. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار زادىلا ھەقىقىي مۇسۇلمان ئەمەس، چۈنكى ھەقىقىي مۇسۇلمان ۋەتەننى سۆيىدۇ. ئۇلار زادىلا كەڭ مۇسۇلمانغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، بەلكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئىنتايىن ئاز سانلىق مۇناپىق، بۆلگۈنچى، ئەكسىلئىنقىلابچىلاردۇر. ھەممىگە ئايانكى، 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇرۇن پارتىيىمىز دىنىي ساھەدە «سول» چىل خاتالىقنى ئۆتكۈزگەن مەزگىلدىمۇ دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى كەڭ ئاممىا ۋە دىنىي ساھەدىكى زاتلار پارتىيىگە ئەگىشىپ مېڭىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئىشەنچىسىدىن تەۋرەنمىگەن. 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە دىننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر قايسى ساھەدە «سول» خاتالىقنى تۈزەتتى، دىنىي زاتلار ئارىسىدىكى ناھەق، خاتا، يالغان ئەنزىلەر ئۈزۈل-كېسىل تۈزىتىلدى، پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى تولۇق ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ھەر قايسى دىننىڭ ئېتىقادچىلىرى دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىدىن تولۇق بەھرىمەن بولماقتا. بارىن يېزىسىدىكى بىر ئوچۇم بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۇ خىل ئەكسىيەتچىل شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇشىدا، ئۇلارنىڭ جىنايى غەرىزى ئۆز-ئۆزىدىن روشەنكى، ئۇلار بىر قىسىم ئاممىنىڭ دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى ئىخلاسمەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، «ئىسلامىيەتنى گۈللەندۈرۈش» شوئارى ئاستىدا، دىنىي ئەسەبىيلىكنى قوزغاپ، «بۇرۇن ماركسىزم-لېنىنىزم دىننى باسقان، ئەمدى دىن ماركسىزم-لېنىنىزمنى بېسىپ چۈشۈشى كېرەك» دېگەن داۋراڭدا دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئامما

بىلەن پارتىيىنىڭ مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرۇش، خەلق ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇش، ۋەتەننى پارچىلاشتەك جىنايى مەقسىدىگە يېتىش خام خىيالىدا بولغان، خالاس. بىز بۇ بىر ئوچۇم بۆلگۈنچىلەرنىڭ سۇيىقەستىنى تولۇق بىلىپ، ھەر ۋاقىت ھوشيارلىقىمىزنى ئۆستۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، بىر ئوچۇم بۆلگۈنچىلەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ - ئىتتىپاقلىقتىن ئىبارەت چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز لازىم.

تەرجىمە قىلغۇچى: روزى تۇردى